ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى كېڭەيدى، تۇرمۇش ئۈمىدكە تولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەممە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك. 2020 - يىلى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، خىزمەت شەكلى، ئۇسۇلىنى تەڭشەپ، توردا مۇلازىمەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تېز ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۈچ قوشتى.

كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوبۇل قىلىشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان «كەچۈرۈم قىلىش، كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش، قايتۇرۇش، تولۇقلاش، تولۇقلاپ بېرىش، ئۇزارتىش» قاتارلىق سىياسەتلەرنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارغا قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى، بىر قېتىملىق قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى، كەسپىي تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، كارخانىلارنىڭ جەمئىي 13 مىليارد 598 مىليون يۈەن ياشانغانلار كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى.

«بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانى، ‹ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش› پىلانىنى سىجىل يولغا قويۇش ئارقىلىق، تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە مۇلازىمەت مۇددىتى توشقانلارنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش سىياسىتى قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 2020 - يىلى، شىنجاڭ جەمئىي 2152 نەپەر «ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» خادىمىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا قوبۇل قىلدى. سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تېخىمۇ كۆپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىش، ياشلىق باھارىنى بېغىشلاش، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىنى تاللىدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 89.05%كە يېتىپ، بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەر تاماملاندى.

100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەندە، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسى تومبۇرىق كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ ئەلنۇرى نان مەدەنىيىتى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيى ناننىڭ مەززىلىك ھىدىغا تولغانىدى، ناۋاي ئۇستام غۇلامجان مۇتەللىپ ئۇستىلىق بىلەن تونۇردىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان نانلارنى بىر - بىرلەپ قومۇرۇۋاتاتتى.

36 ياشلىق غۇلامجان تومبۇرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئىلگىرى ئۇ ئۆز ئۆيىدە ناۋايلىق قىلاتتى، كىرىمى ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇلتۇر كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەزا بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى، ھازىر ئۇ ھەر ئايدا 8000 يۈەن كىرىم قىلىدىغان بولدى. «ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىلا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، مەن ئاپتوموبىل سېتىۋالدىم، يەنە بەش شاگىرت قوبۇل قىلدىم.» ئۆتكەن بىر يىلدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، غۇلامجاننىڭ چىرايى خۇشاللىققا تولدى.

ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، رايون ھالقىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. ئاپتونوم رايون دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، 2018 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 227 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق پىلانىنى يولغا قويدى.

نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇپ، «ماھارەت + دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى + ئاساسىي ئەمگەك ساپاسى» بويىچە بىرىكمە شەكىلدىكى تەربىيەلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. بۇلتۇر 391 مىڭ 100 ئادەم قېتىم نامرات ئەمگەك كۈچى تەربىيەلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 149 مىڭ 700 ئادەم قېتىم كۆپىيىپ، ئېشىش نىسبىتى 62.01% بولدى.

«جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ نامرات نوپۇسنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ تاماملاندى، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 50 مىڭ نامرات ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.» بۇ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتىدىكى ئېنىق سان - سىپىرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نەتىجە - ئۈنۈمىگە گۇۋاھ بولدى.

ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ئىشقا ئورۇنلىشىش غەيرىتىنى ئاشۇردى

قەشقەر شەھىرىدىكى بىر كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدا ھەنىپگۈل ئۆمەر ئىشچىلارنىڭ كىيىم تىكىش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

«مېنىڭ نىشانىم سېخ مۇدىرى بولۇش!» دېدى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئىلگىرى ئائىلە ئايالى بولغان ھەنىپگۈل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن. تەربىيەلىنىپ ئىش ئورنىغا چىقىپ، خىزمەتكە چۈشۈپ بىر يىل بولمايلا، ئۇ ئىككى ئاقما لىنىيەگە مەسئۇل گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئايلىق مائاشى 4000 يۈەندىن ئاشتى.

بۇلتۇر 6 - ئايدا، قومۇل شەھىرىنىڭ ئۇيغۇر غول رايونى ئاستانە بازىرى گۇڭشاڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ۋاڭ شياۋلۇڭ شۇ جاي تەشكىللىگەن ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، جۇڭغۇيېنجۇڭ (قومۇل) بىرىكمە ماتېرىيال چەكلىك شىركىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، كەپشەرلەش ماھارىتى ئىشچىسى بولۇپ، ئايدا 4500 يۈەن مائاش ئالىدۇ.

«ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىنى تۈگەتكىنىم بىلەنلا، كارخانىنىڭ كېلىپ مېنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، تېخنىكا بولسىلا خىزمەت تېپىش غەيرىتىمىزمۇ ئاشىدىكەن» دېدى ۋاڭ شياۋلۇڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا.

بىر ماھارەتنى ئىگىلەش، بىر كىنىشكىگە ئىگە بولۇش، بېيىش يوللىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئېچىلىشى ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى تەسۋىرلىمەكتە. ھەنىپگۈل، ۋاڭ شياۋلۇڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنىڭ جانلىق ئىزاھاتى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تۇتقا. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك خادىملارنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىنى ماھارەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ماھارەت ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ماھارەت ئارقىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش يولىغا باشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز 1 مىليون 231 مىڭ 400 ئادەم قېتىمنى تۈرلۈك ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 111.95%نى تاماملىغان.

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقاندىلا، پۇقرالار ئاندىن بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. «14 - بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشنى داۋاملىق خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىدۇ، ئىگىلىك تىكلەشنى ياخشى تۇتۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش، يۆلەشنى ياخشى ئىشلەش، ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، شەھەر - بازارلاردا 460 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەكنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 88%تىن كۆپرەككە يەتتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئاممىنى تېخىمۇ تولۇپ تاشقان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش بويىچە پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىن 14نى ۋە مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىن بىرنى قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى.

ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ھەم ھەرقايسى نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى، مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ پاش قىلىش تېلېفونى، پوچتا خەت ساندۇقىنى تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلدۇق:

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى
پاش قىلىش تېلېفونى: 0991 - 2970060
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى A110 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

1 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0999 - 8023915
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ غۇلجا شەھىرى A02706 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

2 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0901 - 6160767
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ چۆچەك شەھىرى A005 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

3 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: ئالتاي ۋىلايىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0906 - 2195551
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئالتاي شەھىرى A006 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

4 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0909 - 2276189
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بورتالا شەھىرى A008 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

5 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: قاراماي شەھىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0990 - 7526358
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ قاراماي شەھىرى A007 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

6 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0994 - 2588802
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ سانجى شەھىرى A009 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

7 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0991 - 4168221
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى A109 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

8 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: تۇرپان شەھىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0995 - 7602745
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ تۇرپان شەھىرى A007 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

9 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: قومۇل شەھىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0902 - 2308112
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ قومۇل شەھىرى A004 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

10 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0996 - 2222219
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى A013 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

11 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0997 - 6680010
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئاقسۇ شەھىرى A005 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

12 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0908 - 4225939
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئاتۇش شەھىرى A005 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

13 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: قەشقەر ۋىلايىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0998 - 2629479
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ قەشقەر شەھىرى A004 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

14 - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: خوتەن ۋىلايىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0903 - 2063700
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتى A016 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى: ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى تۈرمە ھەم زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ
پاش قىلىش تېلېفونى: 0991 - 5592344
پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى A111 نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋە ھەرقايسى نۇقتىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى: ھەر كۈنى سائەت 10:00دىن 22:00گىچە، خەت، تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاياغلىشىدۇ.

مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى: ھەر كۈنى سائەت 10:00دىن 22:00گىچە، خەت، تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2021 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاياغلىشىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، ئاساسلىقى تەۋەلىكىدىكى پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى، سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى تۈرمە ھەم زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرىنىڭ مەسىلىسى ئىنكاس قىلىنغان خەت، تېلېفونلار قوبۇل قىلىنىدۇ. قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان باشقا مەسىلىلەر بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى
2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

(بېشى 1 - بەتتە)

باي ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ باش تېما سىنىپ (ئەترەت) يىغىنى تەشكىللەش، قىزىل كۆرۈنۈشلۈك درامىلارنى رېپېتىتسىيە قىلىش، قىزىل فىلىملەرنى كۆرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى ئۆز غايىسىنى دەۋر باش تېمىسىغا سىڭدۈرۈپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

باي ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خې جيەنشىن مۇنداق دېدى: «قەھرىمانلار خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى قىسقا فىلىم كۆرۈشكە تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۇلارنى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى».

باي ناھىيەلىك قار لەيلىسى يەسلىسى ئوقۇش باشلانغان «تۇنجى دەرس»تە بالىلارنى «ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» قاتارلىق باش تېما پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بالىلارنى مول پائالىيەت جەريانىدا ئۇزۇن سەپەر ھېكايىلىرىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپاسىنى ھېس قىلدۇرۇپ، بالىلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى يېتىلدۈردى.

باي ناھىيەلىك قار لەيلىسى يەسلىسىنىڭ مۇئاۋىن يەسلى باشلىقى يې جىڭ مۇنداق دېدى: «قارلىق تاغقا يامىشىش» «ئوتلاقتىن ئۆتۈش» «قامال لىنىيەسىنى كېسىپ ئۆتۈش» «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېز سۈرئەتتە ئېلىش» «لازىكۇدىكى كەسكىن جەڭ» «دادۇخې دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش» «قىزىل بايراقنى ئىزدەش» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق بالىلارغا قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، بالىلاردا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان ئىدىيەۋى پەزىلەت يېتىلدۈردۇق.

باي ناھىيەسى سايرام بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ «قىزىل يۈگمە رەسىم» تېمىسىدا ئەسەر قوبۇل قىلىش، قىزىل ھۆسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىنى ئۆگەندى، تەشۋىق قىلدى. «پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيىدىغان، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيىدىغان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشىگە ئاڭلىق سىڭدۈرۈپ، ۋەتەن قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشقۇزۇش ئۈچۈندۇر» دېدى سايرام بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ساۋ كاڭ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە جانلانغان خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆردى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە، بۇ شىركەت 71 مىڭ 300 توننا مېتانول ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.08% ئاشقان؛ سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز 24 مىڭ تونناغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52.06% ئاشقان؛ پىرىسلانغان تەبىئىي گاز 4 مىليون 22 مىڭ 300 Nm^3 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 154.64% ئاشقان.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە، شىنجاڭ شىنيې ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى شىركىتىلا ئەمەس، يەنە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىمۇ كارخانىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، 3 مىليارد 80 مىليون يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 83.1% ئاشۇردى.

«تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق مالىيە كۆرسەتكۈچلىرىدە كۆرۈنۈشچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىش ئەھۋالى سىجىل ياخشىلانغان.» ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، دۆلەت كاپىتالى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم بۇرچنى پۇختا ئىگىلەپ، تىرىشىپ بازارنى كېڭەيتتى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇردى، ئۈنۈمنى ئۆستۈردى، 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە تۈرلۈك مالىيە كۆرسەتكۈچلىرى كۈچلۈك ئېشىپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولدى.

ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات كۆزلىمە نىشانىغا ئاساسەن، كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىپ كىرىش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلغىلى بولۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇشنى تېزلىتىشتە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ ئىسلاھاتنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چوڭ ئەندىزىسىنى ئورتاق قۇرۇشتا يەنىمۇ يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلىدۇ؛ تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش، خەۋپ - خەتەر تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاش جەھەتتە يېڭى كۈچىيىشكە ئېرىشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى

دەي گۇاڭخۇي ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

ئۆز خەۋەرچىمىز يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى دەي گۇاڭخۇينىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشىچە، دەي گۇاڭخۇي پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر تۇرۇپ، غايە - ئېتىقادىنى يوقاتقان، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتىن يۈز ئۆرىگەن، «ئالتە چوڭ ئىنتىزام»نىڭ ھەممىسىگە خىلاپلىق قىلغان، ئىنتىزام ۋە قانۇن ئېڭىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، ئۇزاق مۇددەت قانۇنسىز سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارشىلاشقان، زاڭ پۇلنى يۆتكەپ، يوشۇرغان، زاڭ مالنى قايتۇرغاندا باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، پاكىتنى يوشۇرغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ سەپلىگەن، ئىشلەتكەن، باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەر تەمىنلىگەن ساياھەت پائالىيىتىنى قوبۇل قىلغان؛ كېڭەش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇھىم، زور ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا قارار چىقارغان، شەخسكە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەينەن دوكلات قىلمىغان، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش - تەيىنلەش داۋامىدا باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن؛ سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان، پاراۋانلىق ئۆيىنى كۆپ ئىگىلىۋالغان؛ نۇرغۇن كارخانىغا خىراجەت سېلىقى سالغان؛ ھۆكۈمەت پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، ئىشلەتكەن؛ تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىككە، راھەت - پاراغەتكە بېرىلگەن؛ ھەم ئەمەلدار بولۇشنى، ھەم باي بولۇشنى ئويلاپ، ئومۇمنىڭ ھوقۇقىنى بېيىشتىكى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» دەپ قاراپ، قىلچە تەپ تارتماستىن ھوقۇق - پۇل سودىسى قىلغان، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغان، باشقىلاردىن زور سوممىلىق مال - مۈلۈك ئۈندۈرۈۋالغان، قانۇنسىز قوبۇل قىلغان؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ئاممىۋى مال - مۈلۈكنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر، زور زىيانغا ئۇچراتقان.

دەي گۇاڭخۇي پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، ئاممىۋى ئىنتىزامى، خىزمەت ئىنتىزامى، تۇرمۇش ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش ھەم خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىشقا چېتىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر، تەسىرى ئىنتايىن يامان بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش قانۇنى» قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، دەي گۇاڭخۇيغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئۇنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال - مۈلكنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.